# چاشقان بولغۇم يوق



شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت - فوتو سۈرەت نەشرىياتى

# چاشقان بولغۇم يوق


ئاپتورى: ساۋ ۋېنشۈەن

رەسىمىنى سىزغۇچى: پاترىزىيالونا (ئىتالىيە)

تەرجىمە قىلغۇچى: ھەبىبۇل ئابلىز





شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى



بىر چاشقان ئۇياقتىن ـ بۇياققا لاغايلاپ يۈرۈپ ناھايىتى زېرىكىشلىك ھېس قىپتۇ.

بىركۈنى، چاشقان مۇشۇكنى ئۇچرىتىپ قېلىپ، مۇشۇككە:

ــ مېنىڭ چاشقان بولغۇم يوق، ــ دەپتۇ.

ــ ئۇنداقتا نېمە بولغۇڭ بار؟ ــ دەپ سوراپتۇ مۇشۇك.

ــ مېنىڭ مۇشۇك بولغۇم بار.

ــ مۇشۇك بولغاننىڭ نەرى ياخشى، بىز ھەممىشە ئىتلارنىڭ بوزەك قىلىشىغا ئۇچراپ تۇرىمىز، ــ دەپتۇ مۇشۇك.

ــ ھە، ئەمىسە ئىت بولسام ياخشى ئوخشايدۇ، ــ دەپتۇ چاشقان بېشىنى لىڭشىتىپ.











بىر كۈنى، ئۇ ئىتقا ئۇچراپ قېلىپ، ئۇنىڭغا:

— مېنىڭ چاشقان بولغۇم يوق، — دەپتۇ.

— ئۇنداقتا نېمە بولغۇڭ بار؟ — دەپ سوراپتۇ ئىت.

— مېنىڭ ئىت بولغۇم بار.

— ئىت بولغاننىڭ نەرى ياخشى، بىز شۇ ئوۋچىلارنىڭ ئوۋ ئوۋلاش قورالى، خالاس. دائىم بۆرە، يىلپىزلارنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچراپ بەدىنىمىزنىڭ ساق يېرى قالمايدۇ، — دەپتۇ ئىت.

— ھە، ئەمىسە مېنىڭ يەنىلا ئوۋچى بولغىنىم ياخشى ئوخشايدۇ، — دەپتۇ چاشقان بېشىنى لىڭشىتىپ.





بىركۈنى، ئۇ ئوۋچىغا ئۇچراپ قېلىپ، ئۇنىڭغا:

— مېنىڭ چاشقان بولغۇم يوق، — دەپتۇ.

— ئۇنداقتا نېمە بولغۇڭ بار؟ — دەپ سوراپتۇ ئوۋچى.

— مېنىڭ ئوۋچى بولغۇم بار.

— ئوۋچى بولغاننىڭ نەرى ياخشى، قېلىن قارلاردا ئۈمىلەپ، قاتتىق شاخ - شۇمبىلار ئارىسىدا يۈگۈرۈپ يۈرىدىغان ئىش، قوڭۇر ئېيىققا ئۇچراپ قالساق، تىرىك قالىمىزمۇ - قالمايمىزمۇ بىلمەيمىز، ئوۋ ئوۋلىيالمىساق، ئاچ قالىدىغان گەپ، — دەپتۇ ئوۋچى.

تۇيۇقسىز شامال چىقىپتۇ. ئوۋچى:

— بۇنىڭدىن شامال بولغىنىڭ ئەۋزەل! شامال بولسا نېمىدېگەن ياخشى! ئاچ - توقنىڭ، ئىسسىق - سوغۇقنىڭ غېمىنى پەقەت قىلمايسەن، — دەپتۇ.

چاشقان «شۇنداق» دېگىنىچە شامال تەرەپكە يۈگۈرۈپ كېتىپتۇ.

ئۇ شامالنى قوغلاپ، يۇقىرى ئاۋازدا: «مېنىڭ چاشقان بولغۇم يوق» دەپ توۋلاپتۇ.

شامال كەينىگە بۇرۇلۇپ: «ئۇنداقتا نېمە بولغۇڭ بار؟» دەپ سوراپتۇ.

— شامال بولغۇم بار.

— شامال بولغاننىڭ نەرى ياخشى، بىردە تامغا سوقۇلساڭ، بىردە دەرەخكە سوقۇلىسەن، قانچىلىك ئاغرىيدىغانلىقىنى سەن ھېس قىلالمايسەن، ئەڭ قورقۇنچلۇقى، چىقىۋېرىپ يوقاپ كېتىپ، ھەتتا سايەڭنىمۇ تاپالمايسەن. ئاۋۇ يەرگە قارىغىنا! — دەپتۇ شامال.





ئۇ كۆرسەتكەن تەرەپتە بىر تۈپ چوڭ دەرەخ بار ئىكەن.
شامال بىرپەس تىنىۋېلىپ، ــ دەرەخ بولسا نېمىدېگەن ياخشى! بوران، يامغۇرلاردىن قورقمايسەن، ئۇزاق يىل ياشايسەن، ــ مۇشۇنداق دەپلا شامال يىراقلارغا كېتىپتۇ.
چاشقان دەرەخنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ بېرىپ:
ــ مېنىڭ چاشقان بولغۇم يوق، ــ دەپتۇ.
ــ ئۇنداقتا نېمە بولغۇڭ بار؟ ــ دەپ سوراپتۇ دەرەخ.
ــ چوڭ دەرەخ بولغۇم بار.
دەرەخ بىر كۈلۈپتىكەن، سىلكىنىپ يوپۇرماقلىرى چۈشۈپ كېتىپتۇ.
ــ دەرەخ بولغاننىڭ نەرى ياخشى، مىدىرلىماي تۇرغىنىڭ تۇرغان، بىر ئۆمۈر ھېچ يەرگە بارالمايسەن، ــ دەپتۇ دەرەخ.
ــ قۇش بولسا نېمىدېگەن ياخشى! شۇنچە كەڭ ئاسمان شۇلارغا تەۋە، ئەركىن ـ ئازادە ئۇچۇپ يۈرسە نېمىدېگەن پەيزى ـ ھە! ــ دەپتۇ دەرەخ.
چاشقان بىپايان ئاسمانغا قاراپتۇ.







قۇشلار دەرەخكە قونۇپتۇ.
چاشقان يۈگۈرۈپ بېرىپ، قۇشلارغا:
— مېنىڭ چاشقان بولغۇم يوق، — دەپتۇ.
— ئۇنداقتا نېمە بولغۇڭ بار؟
— قۇش بولغۇم بار.
— قۇش بولغاننىڭ نەرى ياخشى، — دەپتۇ بىر قۇش.
— قارىغىنا، ئۇ يەردە بىر بالا تۇرىدۇ، — دەپتۇ يەنە بىر قۇش.
بىر بالا دەريا بويىدا ئولتۇرغانىكەن.
— ئۇنىڭ بىزنى ھەر ۋاقىت رەگەتكە بىلەن ئېتىۋېتىش ئېھتىماللىقى بار، — دەپتۇ يەنە بىر قۇش.
شۇنىڭ بىلەن قۇشلار پۇررىدە ئۇچۇپ كېتىپتۇ.





چاشقان دەريا بويىغا يۈگۈرۈپ بېرىپ، بالىغا:
— مېنىڭ چاشقان بولغۇم يوق، — دەپتۇ.
بالا يىراقلارغا كېتىۋاتقان چوڭ بىر يەلكەنلىك كېمىگە قاراپ ئولتۇرۇۋېرىپتۇ.
— مېنىڭ چاشقان بولغۇم يوق.
— ئۇنداقتا نېمە بولغۇڭ بار؟ — دەپ سوراپتۇ بالا ئۇنىڭغا قاراپ.
— بالا بولغۇم بار.
— مەن چوڭ بىر كېمە بولۇپ، دېڭىز ـ ئوكيانلارنى كېزىپ، دۇنيانى ئايلانسام دەيمەن، — دەپتۇ.
چاشقان بىلەن بالا ئۆزلىرىنى ئۇنتۇغان ھالدا كېمىگە قاراپ، خىيالغا پېتىشىپتۇ.



شۇ ۋاقىتتا، چاشقان قىرغاقتىكى كېمىگە سەكرەپ چىقىپ:

— مېنىڭ چاشقان بولغۇم يوق، — دەپتۇ.

— ئۇنداقتا نېمە بولغۇڭ بار؟ — دەپ سوراپتۇ كېمە.

— كېمە بولغۇم بار.

— كېمە بولغاننىڭ نەرى ياخشى! قار - بوران دېمەستىن چېپىپ يۈرۈشتىن تولىمۇ زېرىكتىم، بىر يەردە مۇقىم تۇرۇشنى شۇنچىلىك ئارزۇ قىلىمەن. قىرغاقتىكى ئاۋۇ قەسىرگە قارىغىنا، نېمىدېگەن بەختلىك! ئۇ شۇ يەردە قەد كۆتۈرۈپ، دەريانىڭ مەنزىرىلىرىدىن ھۇزۇرلىنىپ تۇرىدۇ، — دەپتۇ كېمە.

كېمە قوزغالماقچى بولغاندا، چاشقان سەل ئويلىنىپ، دەرھال قىرغاققا سەكرەپتۇ.



چاشقان ھېلىقى قەسىرنىڭ ئالدىغا كەپتۇ.

— مېنىڭ چاشقان بولغۇم يوق، — دەپتۇ.

— ئۇنداقتا نېمە بولغۇڭ بار؟

— قەسىر بولغۇم بار.

— قەسىر بولغاننىڭ نەرى ياخشى! ئوت كەتسىلا كۆيۈپ كۈل بولۇپ كېتىسەن، مەن ساڭا دېسەم، مۇشۇ ئورۇندا ئەسلىي يەنە بىر قەسىر بار ئىدى، — دەپتۇ.

چاشقان بۇنى ئاڭلاپ ئۈمىدسىزلەنگەن ھالدا كېتىپ قاپتۇ.



ئۇ ئۇياق - بۇياققا يۈگۈرۈپ يۈرۈپ، تۇيۇقسىز بىرقانچە بالىنىڭ چىملىققا ئوت قويۇپ، قېچىپ كېتىۋاتقىنىنى كۆرۈپ قاپتۇ.

چاشقان ئوتقا:

— مېنىڭ چاشقان بولغۇم يوق، — دەپتۇ.

— ئۇنداقتا نېمە بولغۇڭ بار؟ — دەپ سوراپتۇ ئوت.

— ئوت بولغۇم بار.

— ئوت بولغاننىڭ نەرى ياخشى! يامغۇر ياغقان ھامان بىز جاھاندىن يوقىلىمىز، يەنىلا يامغۇر بولغىنىڭ ياخشى، — دەپتۇ ئوت.

— ماقۇل، — دەپتۇ چاشقان.







يامغۇرلۇق بىركۈنى چاشقان يامغۇرغا:
— مېنىڭ چاشقان بولغۇم يوق، — دەپتۇ.
— ئۇنداقتا نېمە بولغۇڭ بار؟ — دەپ سوراپتۇ يامغۇر.
— يامغۇر بولغۇم بار.
— يامغۇر بولغاننىڭ نەرى ياخشى! دەرياغا چۈشسەڭلا، يوق بولىسەن. ئەخمەق، دەريا بولسا نېمىدېگەن ياخشى! — دەپتۇ يامغۇر.
— راست! — دەپتۇ چاشقان.



چاشقان دەريا بويىغا يۈگۈرۈپ بېرىپ، دەرياغا:
— مېنىڭ چاشقان بولغۇم يوق، — دەپتۇ.
— ئۇنداقتا نېمە بولغۇڭ بار؟ — دەپ سوراپتۇ دەريا.
— دەريا بولغۇم بار.
— دەريا بولغاننىڭ نەرى ياخشى! بىز ئېقىپ - ئېقىپ ئاخىردا دېڭىزغا قۇيۇلۇپ يوقاپ كېتىمىز. ھەي، جانىۋار بىزنى ئۇزۇلمەس ئېقىن دەپ قالما، بىز پەقەت بېلىق ئۈچۈنلا مۇشۇنداق ئاقىمىز. بولمىسا سەنمۇ بېلىق بولغىن! — دەپتۇ دەريا.
چاشقان دەريا بويىغا كېلىپ، بېلىققا:
— مېنىڭ چاشقان بولغۇم يوق، — دەپتۇ.
— ئۇنداقتا نېمە بولغۇڭ بار؟ — دەپ سوراپتۇ بېلىق.
— بېلىق بولغۇم بار!



قىرغاقتا ياۋا توڭگۇز كېتىۋاتقانىكەن.
— بېلىق بولغاننىڭ نەرى ياخشى! بىز شۇ سۇدىلا ئۈزۈپ يۈرىمىز. بىراق، ئاۋۇ ياۋا توڭگۇزغا قارىغىنا، ئۇ ئورمانلىقلارغا، قوغۇنلۇقلارغا كىرەلەيدۇ، تاغقا چىقالايدۇ، سۇ ئۈزەلەيدۇ، ياۋا توڭگۇز بولسا نېمىدېگەن ياخشى - ھە! — دەپتۇ بېلىق.





چاشقان دەرھال ياۋا توڭگۇزنىڭ كەينىدىن قوغلاپتۇ.

ــ ياۋا توڭگۇز! ياۋا توڭگۇز! توختاپ تۇر.

ياۋا توڭگۇز توختاپتۇ.

چاشقان ھاسىراپ ـ ھۆمۈدەپ كېلىپ:

ــ مېنىڭ چاشقان بولغۇم يوق، ــ دەپتۇ.

ــ ئۇنداقتا نېمە بولغۇڭ بار؟

ــ توڭگۇز بولغۇم بار، ــ دەپ جاۋاب بېرىپتۇ چاشقان.

ــ توڭگۇز بولغاننىڭ نەرى ياخشى! كىشىلەر دائىم بىزنى كالتەك بىلەن ئۇرىدۇ، سەن يەنىلا كالتەك بولغىن...، ــ دەپتۇ توڭگۇز گېپىنى تۈگەتمەي تۈرۈپلا ئالدىراپ مېڭىپ.











بۇ ۋاقىتتا، ئۇن نەچچە يىگىت كالتەكلەرنى كۆتۈرۈشۈپ ياۋا تـوڭگۇزنى قـوغلاپ كەپتۇ. چاشقان دەرھال ئـوت - چۆپلەر ئارىسىغا يوشۇرۇنۇۋاپتۇ.

ئـەڭ ئالدىدا كېلىۋاتقان يىگىت تۇيۇقسىز قولىدىكى كالتەكنى ياۋا توڭگۇزغا ئېتىپتۇ.

كالتەك چۆپلۈككە چۈشۈپ، چاشقانغا تېگىپ كەتكىلى تاسلا قاپتۇ.

ئـوت - چۆپلەر بەك قېلىن بولغاچقا، ھېلىقى يىگىت كالتەكنى تاپالماي، قولىغا چىققان تاشنى ئېلىپلا، ياۋا توڭگۇزنى قوغلاپ كېتىپ قاپتۇ.

ئادەملەر كەتكەندىن كېيىن، چاشقان كالتەككە:

— مېنىڭ چاشقان بولغۇم يوق، — دەپتۇ.

— ئۇنداقتا نېمە بولغۇڭ بار؟ — دەپ سوراپتۇ كالتەك.

— كالتەك بولغۇم بار.

ــ ھەرگىز كالتەك بولمىغىن، بىز دائىم ئۇرۇلۇپ - سوقۇلۇپ يۈرۈيمىز، ــ دەپتۇ كالتەك.

ئاسمان بارا - بارا قارىيىشقا باشلاپتۇ.

چاشقان كالتەككە بىر قارىۋېتىپ، كەينىگە بۇرۇلۇپ، تاغ كەينىگە پېتىۋاتقان قۇياشقا قاراپ، ئۆز - ئۆزىگە:

ــ مېنىڭ يەنىلا چاشقان بولغىنىم ياخشىكەن، ــ دەپتۇ.





بۇ كىتاب تيەنتيەن نەشرىياتىنىڭ 2014 - يىلى 11 - ئاي 1 - نەشرى، 2014 - يىلى 11 - ئاي 1 - باسمىسىغا ئاساسەن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى.

本书根据天天出版社 2014 年 11 月第 1 版，2014 年 11 月第 1 次印刷版本翻译出版。

پىلانلىغۇچى: ياسىن ئوبۇلقاسىم
مەسئۇل مۇھەررىرى: ھۆرىيەت نىياز
بەت لايىھەلىگۈچى: يۈسۈپجان ھەسەن
مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: ئىلمىنۇر مەمەت ئەلى

قايتا تەكشۈرگۈچى: تۇرغۇن تۇنىياز
تەكشۈرۈپ بېكىتكۈچى: ياسىن ئوبۇلقاسىم
باسما مەسئۇلى: ليۇ ۋېيىۋ

# چاشقان بولغۇم يوق

تەرجىمە قىلغۇچى: ھەبىبۇل ئابلىز

نەشر قىلغۇچى: شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت - فوتو سۈرەت نەشرىياتى
ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى ئىقتىساد - تېخنىكا تەرەققىيات رايونى پەن - تېخنىكا باغچە يولى 5 - قورۇ
پوچتا نومۇرى: 830026
تارقاتقۇچى: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق شىنخۇا كىتابخانىسى
تور دۇكىنى: داڭ داڭ، جىڭدۇڭ، ئامازون، تاۋباۋ، تيەنماۋ، دۇدۇ، تاۋباۋ. شىنجاڭ ساياھەت كىتابخانىسى
باسقۇچى: شىنجاڭ بايى باسما زاۋۇتى
فورماتى: 1194 × 889 مىللىمېتىر، 1/16
باسما تاۋىقى: 1.75
نەشرى: 2016 - يىلى 3 - ئاي 1 - نەشرى
بېسىلىشى: 2017 - يىلى 2 - ئاي 1 - بېسىلىشى
كىتاب نومۇرى: ISBN 978 - 7 - 5469 - 8281 - 6
باھاسى: 10.00 يۈەن

تور نەشرى: دۇدۇ تورى (www.dudu-book365.com)
تور كىتابخانىسى: تاۋباۋ تورى، شىنجاڭ ساياھەت كىتابخانىسى (http://shop67841187.taobao.com)

مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: ئىلمىنۇر مەمەت ئەلى



ISBN 978-7-5469-8281-6

定价：10.00元

www.dudu-book365.com